## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىپ

# 2021 - يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى تەھلىل قىلدى، تەتقىق قىلدى

# پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار سايلام خىزمىتى نىزامى»نى قاراپ چىقتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چىڭ تۇتۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېھتىياج تەرەپلىك ئىسلاھاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئوبوروت، ئىستېمالنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئېھتىياج تەمىناتنى يېتەكلەيدىغان، تەمىنات ئېھتىياجنى يارىتىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن - تېخنىكا كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك ئىچكى بازار شەكىللەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاپ، مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇشنى ۋە كاپىتالنىڭ تەرتىپسىز كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىپ، ئۆي - زېمىن بازىرىنىڭ تەكشى، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى سىجىل ياخشىلاش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى سىستېمىلىق باھالاپ ۋە خۇلاسىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. تۈرلۈك ساقلانما مىقدار خەۋپ - خەتىرىنى تۈگىتىش ۋە ئاشۇرۇلما مىقدار خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدىن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىشقا ماھىر بولۇپ، كەسىپلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىدىغان كەسىپ ئەھلىلىرىدىن بولۇش كېرەك. بۇ يىلنىڭ ئاخىرى ۋە كېلەر يىلنىڭ بېشىدا، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىككى بايرامغا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ كۆلەملىك كىرىشىنىڭ ۋە قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئەھۋالىنى زىچ چۆرىدەپ سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بوشاشماي ھەيدەكچىلىك قىلىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى سىجىل تۈزەپ، سىياسىي كۆزىتىش فۇنكسىيەلىك مەسئۇلىيىتىنى پۇختا ئادا قىلىپ، «تۆت خىل ھالەت»نى قوللىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنتىزامنى، قانۇننى دەل جايىدا كۈچلۈك ئىجرا قىلىپ، سىياسىي مەسىلە بىلەن ئىقتىسادىي مەسىلە گىرەلىشىپ كەتكەن چىرىكلىك دېلولىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى چىرىكلىك ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى كۈچەپ تۈزەپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزىنى ئۆزى نازارەت قىلىش ۋە چەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى ساپالىق، كەسىپلەشكەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنى بەرپا قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق مۇھىم، زور كۆرەشلەردە سادىقلىق بىلەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىغا قارىتا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قارىتا يېڭى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە نىزامنامىسى ۋە ئاساسىي قانۇندا يۈكلەنگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلىشىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىنى چىڭ كۆزلەپ نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنچىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ 2020 - يىللىق خىزمەت ئەھۋالى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى.

يىغىن 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىنى كېلەر يىلى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئېچىشقا قوشۇلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى سايلام خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، پارتىيە ئىچىدىكى سايلام تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلارغا قارىتا بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلىپ، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى سايلىمىنى پۇختا، تەرتىپلىك قانات يايدۇردى. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار سايلام خىزمىتى نىزامى» پارتىيە ئىچىدىكى سايلام ئەمەلىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نەتىجىسى، يېڭى دەۋردىكى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى سايلام خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مىزانى بولۇپ، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى سايلىمىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك قاتناشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ۋەكىللىك سالاھىيىتى شەرتىنى چىڭىتىپ، سىياسىي ئۆلچەمنى باش ئورۇنغا قويۇپ، لاياقەتلىك ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ۋەكىللەر سانىنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، ۋەكىللەر قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ۋەكىللەر نىسبىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى ياخشى كادىر ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، ئەخلاقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ ئىشلىتىش پرىنسىپى ۋە قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇش تەلىپى بويىچە ئەزالار نامزاتلىرىنى كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىلمىي، قېلىپلاشقان، ئېھتىياتچان سايلام خىزمىتى ئارقىلىق، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ياخشى سايلاپ، كۈچلۈك سەپلەپ، ئومۇمىي ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى تۇتۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش خىزمەت سەۋىيەسى ۋە كەسىپلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تەربىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاگاھلاندۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئالدىنى ئېلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزام، تەشكىلىي ئىنتىزام ۋە نۆۋەت ئالمىشىش ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، سايلامدا ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى نىزامنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىزامنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك سىياسەت، بەلگىلىمە ۋە خىزمەت تەلەپلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى خىزمەتلەرنى پىلانلاش، فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە يېڭى قەدەم تاشلاش، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە قىلىش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى يېڭى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە قىلىشنى چۆرىدەپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، كەڭ بىرلىك سەپ ئەزالىرىنى قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش غەيرىتى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. لى كېچياڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، بۇ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئالاقىدار ئويلىنىشنى تونۇشتۇردى.

سۆھبەت يىغىنىدا جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن ئېشياڭ، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى دىڭ جۇڭلى، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى خاۋ مىڭجىن، جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەي دافېڭ، جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى چېن جۇ، جۇڭگو ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن گاڭ، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋۇ ۋېيخۇا، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سۇ خۈي، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى گاۋ يۈنلۇڭ، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىلى ئۇۋياڭ چاڭچيۇڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى تەھلىلى ۋە كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدىكى ئويلىنىشنى قۇۋۋەتلىدى ھەم يېڭىچە ئاقىل شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېتەكچىلىك يارىتىش سىستېمىسىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنىڭ باراۋەرلىكىنى ئالغا سىلجىتىش، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈش، مەھەللە سەھىيە ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، ئوتلاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، پۇقراۋى كارخانىلارنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئورتاق بېيىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئاتلىنىشقا يېتەكلەش، رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: كۆپچىلىك سۆزىدە بۇ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا نۇرغۇن ئىجابىي پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، پائال قوبۇل قىلىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ناھايىتى پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، بىز ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان جاۋاب قەغىزى تاپشۇردۇق. بۇ مەزگىلدە، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ئاڭلىق ھالدا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى قوزغىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەر توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە تەشكىللەش، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى جانلىق قانات يايدۇرۇپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلەپ، بىرىنچى سەپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تىرىشىپ ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە تۈرلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى يوللاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشى، تەدبىرلەرنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشىنى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى. شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە سەمىمىي رەھمەت ئېيتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كېلەر يىلى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. بىز پۇرسەت ئېڭى، خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىقتىسادنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، ئىناقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلى ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلىشىمىز، قەدەمنى ياخشى ئېلىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ ئۈچ نۇقتىلىق ئۈمىدنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يىغىننىڭ روھىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، جەۋھىرىنى ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇنى خىزمەتلەرنى پىلانلاش، فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىككىنچى، كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش، يولغا قويۇش، بولۇپمۇ كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن پائال ئەقىل - چارە كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، قىممەتلىك، سالمىقى بار تېخىمۇ كۆپ پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۈچىنچى، كۆپچىلىكنىڭ يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، قەلبگە چوڭ ۋەزىيەتنى پۈكۈپ، چوڭ يۈزلىنىشنى ئىگىلەپ، داۋاملىق تۈردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، ياخشى ياردەمچىسى، ياخشى خىزمەتدىشى بولۇشتەك سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ ئويلىغانلىرىنى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىگىلەپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ چۈشەنچە بېرىپ گۇمانىنى تۈگىتىش، كەيپىياتنى راۋانلاشتۇرۇش، زىددىيەتنى پەسەيتىش ۋە تۈگىتىش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، زېھنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، سۈن چۈنلەن، خۇ چۈنخۇا، يوۋ چۈەن، ۋاڭ يوڭ، شياۋ جيې، خې لىفېڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن يەنە چېن شياۋگۇاڭ، جېڭ جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، ليۇ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ خۇڭ ۋە جياڭ زوجۈن، لى يۈفېڭ، خۇاڭ رۇڭ، شۇ تاۋ قاتارلىقلار بار.